رىن يىفېي   ياسىن ھوشۇر

# ئۇيغۇرلار

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇرلار

مىللەتلەر نەشرىياتى

ISBN 978-7
定价：

رېن يىفېي، ياسىن ھوشۇر

# ئۇيغۇرلار

## تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلاجان يۈسۈپ


مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# كىرىش سۆز

ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭگودىكى كۆپ مىللەتلىك چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزدىكى باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن ئورتاق ھالدا، كۆپ مىللەتلىك دۆلىتىمىزنى قۇرۇش، چېگرا رايونلارنى قوغداش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا يارقىن سەھىپىلەرنى ئاچتى.

قەدىمدىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ھەر قايسى بوستانلىقلاردا، تۇرپان ئويمانلىقى، قومۇل ئويمانلىقى، ئىلى رايونى، شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى بىر قىسىم رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ كەلدى. 2010-يىلىدىكى 6-قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 10069346 گە يەتكەن. تىلشۇناسلارنىڭ كىلاسسىفىكاتسىيەسى بويىچە بولغاندا، ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار ئائىلىسى غەربىي ھون تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم

كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر كۆلىمى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى كەڭ، بايلىقى مول بولۇپ، موڭغۇلىيە، رۇسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ. چېگرا ئىچىدە تارىم ئويمانلىقى ۋە جۇڭغار ئويمانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئويمانلىق، تەڭرىتېغى، كوئىنلۇن تېغى ۋە ئالتاي تېغىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ تىزمىسى بار. تارىم ئويمانلىقى دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئويمانلىق بولۇپ، يەر كۆلىمى تەخمىنەن 560 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمى — تەكلىماكان قۇملۇقىدۇر. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپىغا مۇنبەت بوستانلىقلار تارالغان بولۇپ، نوپۇسى زىچ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان. بۇ يەرلەردە شال، كېۋەز، بۇغداي، ئاققوناق، كۆممىقوناق، پۇرچاق، ياڭيۇ، قوغۇن-تاۋۇز، ئۈزۈم، ئۈجمە، كەندىرلەر مول. تاغلىرىدا چارۋىچىلىق قىلىدۇ. بىر قەدەر چوڭ بوستانلىقلاردىن يەركەن، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ بوستانلىقلىرى بار. جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ يەر كۆلىمى 300 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق، ئەتراپىدا چوڭ كۆلەملىك يېزا ئىگىلىك رايونلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىپايان يايلاقلىرى بار بولۇپ،

مەملىكىتىمىزدىكى مۇھىم چارۋىچىلىق بازىسى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرىتاغ تىزمىلىرى شىنجاڭنى قاپ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز چوققا تۆمۈر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7435 مېتىر، شەرقىي بۆلىكىدىكى بوغدا چوققىسى(5445 مېتىر) نى يىل بويى قار-مۇز قاپلاپ تۇرىدۇ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك. كۈئېنلۈن تېغى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدىن جەنۇبىغا سوزۇلۇپ، ئويمانلىقىنىڭ غەرب، جەنۇب ئىككى تەرىپىدىكى روشەن پاسىلىنى شەكىللەندۈرگەن. پامىر ئېگىزلىكىدىكى چوگىر چوققىسىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 8611 مېتىر بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئېگىز چوققا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىدىن باشقا «مۇز تاغ ئاتا» دەپ ئاتىلىدىغان مۇز تاغ(7546 مېتىر) بىلەن قوڭۇر تېغى(7719 مېتىر) چوققىلىرىمۇ دۇنيا بويىچە مەشھۇر چوققىلاردۇر. ئالتاي تاغلىرى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن شەرقىي شىمال قىسمىنى چۆرىدەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1000-3500 مېتىرغىچە بولۇپ، ئاساسىي چوققىسى ـ دوستلۇق چوققىسى دېڭىز يۈزىدىن 4300 مېتىر ئېگىز، ئۇ شىنجاڭنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ئېگىز چوققىدۇر. تەڭرىتاغ، كۈئېنلۈن، ئالتاي تاغلىرىدىكى قار-مۇزلۇق چوققىلاردا پۈتمەس-

تۆگمەس قار-مۇزلار بار. بۇ قار-مۇزلاردىن ئېرىگەن سۇلار تەرەپ-تەرەپكە سوزۇلغان ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى بوستانلىقلارنى ۋە يايلاقلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. بۇ ئېقىنلار ئىچىدە تارىم دەرياسى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ، 2100 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ ئۇزۇن ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا چوڭراق دەريالاردىن قايدۇ دەرياسى، ئىلى دەرياسى، چەرچەن دەرياسى، خوتەن دەرياسى، ئېرتىش دەرياسى، ئۇلۇنگۇر دەرياسى ۋە ماناس دەرياسى قاتارلىق دەريالارمۇ بار. بۇ دەريالاردىن قازاقىستان ۋە رۇسىيە ئارقىلىق شىمالىي مۇز ئوكيانىغا قۇيۇلىدىغان ئېرتىش دەرياسىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئىچكى قۇرۇقلۇق دەرياسىدۇر.

شىنجاڭنىڭ بايلىقى مول، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ئېغىر ۋە يېنىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىنتايىن ئەۋزەل شارائىتلىرىغا ئىگە. سۇ بايلىقى، يەر بايلىقى، نۇر ۋە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى بايلىقى ۋە جانلىقلار بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا ئىگىلىك تەبىئىي بايلىقىدىن باشقا، يەنە ناھايىتى مول بولغان كان بايلىقى بار. ھازىر تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان كان بايلىقىنىڭ تۈرى 100 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئاساسلىقى كۆمۈر، نېفىت، تۆمۈر، مانگان، خىروم، سېرىق ئالتۇن،

قوغۇشۇن، سىنك، بېرىللىي، لىتىي، كىيۇرىي، تانتال، سېزىي، چىرىمتال، خىرۇستال، قاشتېشى، شۇنداقلا دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ۋە ئۆتكۈر پەن-تېخنىكا ئېھتىياجلىق بولغان قىممەتلىك گۆھەرلەر بار[1].

تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى چوڭ قۇملۇق ــ تەكلىماكان قۇملۇقى بار. تارىم ئويمانلىقى دۇنيادىكى تېخى كەڭ كۆلەمدە ئېچىلمىغان ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق، ماي-گاز چۆكۈندىسىگە ئىگە ئويمانلىقلارنىڭ بىرى بولۇپ، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى ئىنتايىن مول. ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نېفىت زاپىسى ئومۇمىي مىقدارى تەخمىنەن 18 مىليارد توننا ئەتراپىدا، تەبىئىي گاز 7ـ8 يۈز مىليون كۇب مېتىر بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نېفىت-گاز بايلىقى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 1/5 نى ئىگىلەيدۇ. تارىم ئويمانلىقىدىن چىققان نېفىتنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى. تەكلىماكان قۇملۇقى مول نېفىت-گاز بايلىق مەنبەسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مول سۇ بايلىقى مەنبەسىگىمۇ ئىگە. قۇملۇق سىرتقى قەۋىتىدىن ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئومۇمەن يەر ئاستى سۈيى بار بولۇپ، سۇ زاپىسى تەخمىنەن 800

[1] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى گېئولوگىيە قېزىلما بايلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېچىش ئىدارىسى، جاڭ لياڭچېن قاتارلىقلار:«شىنجاڭنىڭ يەر ئاستى بايلىقى»، 7ـ15ـ بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، شياڭگاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 1990ـيىل.

مىليون كۇب مېتىر. قۇملۇقتا زور كۆلەملىك توغراقلىقلار ۋە يۇلغۇنلۇقلار بار. تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت-گاز بايلىقىنىڭ ئېچىلىشى دۆلىتىمىز نېفىت سانائىتى تەرەققىياتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، شۇنداقلا ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ 21-ئەسىردىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان كاتتا قۇرۇلۇش بولۇپ، مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي مەنىگە ئىگە. سەككىزىنچى بەش يىللىق پىلاندىن بېرى، دۆلەت «شەرقتە مۇقىملىقنى، غەربتە تەرەققىياتنى تۇتۇش»تىن ئىبارەت نېفىت سانائىتىدىكى ئىستراتېگىيەلىك قارارنى بەلگىلەپ، شىنجاڭدىكى نېفىت-گازنى ئېچىش قەدىمىنى تېزلەتتى. تەكلىماكان قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تاشيول ئالىلبۇرۇن پۈتۈپ بولدى. شىمالدىكى جوڭغار ئويمانلىقىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، 100 مىليون توننىلىق نېفىتلىك ۋە زور كۆلەمدىكى نېفىت-گاز زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى؛ تۇرپان-قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى نېفىتنى تەكشۈرۈپ ئېچىش خىزمىتىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپ، نېفىت-گاز مەھسۇلات مىقدارى مۇقىم ئاشتى. ھازىر شىنجاڭدىكى نېفىت-گاز زاپىسى مىقدارىنىڭ 30 مىليارد توننىدىن ئاشىدىغانلىقى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئالدىن مۆلچەرلەنگەن نېفىت - گاز زاپىسى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ

1/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ[1].

شىنجاڭ ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىدە بولۇپ، ئىقلىمىدا روشەن چوڭ قۇرۇقلۇق ئىقلىمىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. چېگرا ئىچىدە تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدا قار - يامغۇر نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، هاۋاسى سوغۇق؛ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى قۇرغاق ۋە ئىسسىق بولۇپ، يامغۇر سۈيى ئىنتايىن ئاز. تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ئۇچىدىكى تۇرپان ئويمانلىقى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ پەس جاي بولۇپ، ياز پەسلىدە ئەڭ ئىسسىق بولغاندا تېمپېراتۇرا 37℃تىن يۇقىرى بولىدۇ. هاۋاسى ئىنتايىن ئىسسىق بولغانلىقتىن «ئوت ماكانى» دېگەن نامى بار. تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى، پىچاننىڭ قوغۇنى، قاغىلىقنىڭ ئانارى، كۇچانىڭ ئۆرۈكى، قەشقەرنىڭ ئانارى بىلەن گىلاسى، ئاتۇشنىڭ ئەنجۈرى، خوتەننىڭ ياڭىقى، كورلىنىڭ نەشپۈتى ۋە غۇلجىنىڭ ئالمىسى ئېلىمىز ئىچى-سىرتىغا مەشهۇر. بۇ گۈزەل، باي زېمىندا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، موڭغۇل، قىرغىز، شىبە، تاجىك، ئۆزبېك، مانجۇ، داغۇر، تاتار ۋە رۇس قاتارلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان.

ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مىللەتتۇر. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرنى،

---

[1] ۋۇ چېڭ قاتارلىقلار تۈزگەن:«تارىمدىكى نېفىت بايلىقىنى قىدىرىپ ئېچىش ۋە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى»، 1ـ2-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل.

شۇنداقلا باشقا مىللەتلەر بىلەن بىرىكىشتىن ئىبارەت جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇڭا، ئۆز تارىخىدا ھەم باشقا مىللەتلەر بىلەن ئورتاق جايلىرى بار، ھەم ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات قەدىمىگە ئىگە.

تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇرلار ئۆز رايونىدا ھەرخىل ھاكىمىيەتلەرنى قۇرغان. بۇ ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر بىلەن بەزىدە بېقىنىش، بەزىدە تەڭ مەۋجۇد بولۇش مۇناسىۋىتىدە بولغان، لېكىن ئومۇمي يۈزلىنىش يەنىلا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالاقىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن.

# 1. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئائىت رىۋايەت ۋە خاتىرىلەر

«ئۇيغۇر»(uyγur) دېگەن نامنىڭ ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىسى«维吾尔». نۇرغۇنلىغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلاردا بۇ نام ئۇچرايدۇ. مەسىلەن موڭغۇلىيە چېگراسى ئىچىدە بايقالغان ئۇيغۇر قاغانى مويۇنچۇر(747ـ 759) نىڭ مەڭگۈ تېشى 759ـيىلى ئەتراپىدا تۈرك ـرونىك يېزىقىدا پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇيغۇر» نامى «𐰆𐰖𐰍𐰆𐰺» (uyγur) دەپ ئوقۇلىدۇ) دەپ خاتىرىلەنگەن. يەنە شۇ ئۇيغۇر قاغانىغا ئائىت مەڭگۈتاشتا(يەنى موڭغۇلىيەدىن بايقالغان تېرخىن مەڭگۈ تېشى) ۋە سۇجى مەڭگۈ تېشىدە، ئوخشاش خاتىرىلەرنى ئۇچرىتالايمىز.[1] ئۇيغۇرلار ئۆز تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى»(uyγur tili) دەپ ئاتايدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق» ناھايىتى مۇھىم بۇددا يادىكارلىقىدۇر، ئۇ خەنزۇچە، تىبەتچە مەتىنلەردىن 9ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ بىرىنچى جىلدىنىڭ خاتىمىسىدە، تەرجىمان: «män tübüt tilindin uyγur tilingä äwirdim»(مەن تىبەت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈدۈم) دەپ يازغان.[2] بۇ

[1] مالوف:«موڭغۇلىيە ۋە قىرغىزىستاندىكى قەدىمكى تۈرك ئابىدىلىرى»، 30ـبەت، موسكۋاـلېنىنگراد، 1959ـيىل؛ «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى»، 70ـبەت، موسكۋاـلېنىنگراد، 1951ـيىلى؛ كېلىياشتورني:«تېرخىن ئابىدىسى تەتقىقاتى»، «ۋېنگىرىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق ئىلمي ژۇرنىلى»، 36ـجىلد، 335ـ336ـبەتلەر.

[2] رادلوف، مالوف:«ئالتۇن يارۇق»، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوغۇشۇن ھەرپ نۇسخىسى، سانكىت پېتېربۇرگ، 1913ـيىل، 1ـ2ـقىسىم، 34ـبەت؛ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئالتۇن يارۇق» قولىيازمىسىغا قارالسۇن، سانكت پېتېربۇرگدا ساقلانغان(ھازىر رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى سانكت پېتېربۇرگ تارمىقى قولىيازما

جۇملىدە ئۇچرىغان «uyγur tili» (ئۇيغۇر تىلى) دېگەن سۆز بىرىكمىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن مىللىي تىلىنى تونۇپ، ئۇنى مۇقىم نامدا ئاتىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 4- ئەسىردىكى «ۋېينامە . قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دىكى «袁纥»(يۈەنخې) «uyγur» سۆزىنىڭ تۇنجى خەنزۇچە تەرجىمىسى ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردە بۇ نام ھەرخىل تەرجىمە قىلىنغان: مىلادىيە 6-ئەسىرنىڭ ئاخىرى7- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «韦纥»(ۋېيخې)؛ 788-يىلىدىن ئىلگىرى «回纥»(خۇيخې)؛ 788-يىلىدىن كېيىن تاكى 13- ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغىچە «回鹘»(خۇيخۇ؛ 13- ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن تاكى 18-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا بولسا «畏兀儿» (ۋېيۇۋۇئېر)؛ 18- ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدىن 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە «回部»(خۇيبۇ) ياكى «缠回» (چەنخۇي) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇلاردىن تاشقىرى باشقا خىل يېزىلىشلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. بەزىلەر «تارىخنامە»، «خەننامە»لەردە ئۇچرايدىغان«乌揭»(ۋۇجيې)، «呼揭» (خۇجيې)، «呼得»(خۇدې)، «伊吾卢»(يىۋۇلۇ) قاتارلىقلارنىمۇ «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ.

---

بۆلۈمى)، قولىيازما نومۇرى SJ M/I، 18-بەتنىڭ ئارقا يۈزى .

تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى، بالقاش كۆلى بىلەن ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئارىسىدىكى كەڭرى رايونلاردا چارۋىچىلىق بىلەن هايات كەچۈرگەن دىڭلىڭلاردىن باشلاشقا بولىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم مەنبە مىلادىيە 5-ئەسىردىن كېيىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا ياشىغان تېلىلار ۋە قاڭقىللاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار نامىنىڭ مەنىسى ۋە مەنبەسى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخ كىتابلىرىدا كۆپ خىل چۈشەندۈرۈشلەر بار. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئاساسلىقراق بىر نەچچە تۈرى ھەققىدە توختىلىمىز:

بىر خىل قاراشتىكىلەر «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۇيۇماق»، «ئۇيۇشماق» تىن كەلگەن، ئۇ «ئۇيۇشۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە دەيدۇ. بۇ 16- ئەسىردە ئۆتكەن پېرسىيە ئېلخان دۆلىتىنىڭ باش ۋەزىرى، تارىخشۇناس راشىددىنىنىڭ قارىشىدۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخ ئەسىرى «جامىئۇل تەۋارىخ»تا: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «تۈرك تىلىدا بىرلىشىش ۋە ياردەملىشىش دېگەن مەنىنى بىرىدۇ» دەيدۇ. راشىددىن بۇ كىتابتا ئەينى زاماندا تارقالغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى شىپى كەلتۈرىدۇ[1]: تالاس

[1] راشىددىن: «جامىئۇل تەۋارىخ»(يۇ داجۇن، جۇ جيەنجى تەرجىمىسى)، 1-توم، 1-كىتاب، 131—136 بەتلەر، شاڭۇۋ نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1983-يىلى.

ۋە قارا سايرام ئەتراپىدا بىر قەبىلە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى يافەس ئىكەن. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى قاراخان، ئورخان، كۇزخان، گورخان بولۇپ، ئۇلار ھەممىسى كاپىر ئىكەن. بۇ تۆت ئوغۇلدىن قاراخان ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپتۇ. كېيىن ئۇ بىر پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى «ئوغۇز» قويۇپتۇ. ئوغۇز چوڭ بولغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپتۇ، ھەمدە ئاتىسى ۋە تاغىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپتۇ. ئاتىسى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ ئۆلۈپتۇ. تاغىلىرى ۋە قوۋمىدىن بەزىلىرى ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپتۇ، بەزىلىرى بولسا شەرق تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. ئوغۇز غەلىبە قازانغاندىن كېيىن چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپتۇ. مۇراسىمدا ئۆزىگە بويسۇنغان پۇقرالارغا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى ئىنئام قىلىپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى:«ئۇ بىز بىلەن بىرلەشتى، بىزگە ياردەملەشتى» دېگەن بولىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا بۇ سۆز ئاستا-ئاستا شۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مىللەت نامى بولۇپ قاپتۇ.

ئىككىنچى بىر خىل قاراشتىكىلەر: «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ «بېقىنماق»، «يېپىشماق» ياكى «ئۇيۇماق» دېگەن مەنىسى بار، دەيدۇ. بۇنداق قاراش 18- ئەسىردە ئۆتكەن تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىرخاندىن كەلگەن. ئۇ 1663-يىلى يازغان «شەجەرەئىي تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە:

«ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى yapishgur (يېپىشىماق ياكى چاپلاشماق)[1] دېيىلگەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامىمۇ بۇ چۈشەنچىدىن پايدىلانغانىدى[2].

ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن ھەر تەرەپكە يارلىق چىقارغان، يارلىقتا:« مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانىمەن» دېيىلگەن[3]. بۇ رىۋايەت نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز ئوغۇزخاننىڭ ئۆز پۇقرالىرىنى ئاتاشتا قوللانغان سۆزى دەپ ئىزاھلانغان.

يەنە بىر خىل قاراش ھېنرى يۇلېنىڭ ئەسىرىدىن كەلگەن. بۇ پىتولېمى تىلغا ئالغان ئۇيغارداسلار ياشىغان جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىكى قىياس بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئۇيغۇر» تارىم دەرياسى بىلەن ئوخشاش نامدىكى مىللەت نامى دەپ قارىلىدۇ. پىتولېمى مىلادىيە II ئەسىردىكى يۇناننىڭ جۇغراپىيە ئالىمى. ئۇ ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيە» دېگەن كىتابىنىڭ «سېرىس دۆلىتى» دېگەن بابىدا:«...ئۇنىڭمۇ جەنۇبىي تەرىپىدە دامنايلار (Damnai)ياشايدۇ؛ ئۇلارنىڭمۇ تۆۋەن تەرىپىدە پىئالايلار

---

[1] ئەبۇلغازى باھادىرخان:«شەجەرەئى تۈرك»، كونونوفنىڭ رۇسچە تەرجىمىسى، 40ـ45-بەتلەر، موسكۋا ـ لېنىنگراد، 1958-يىل.

[2] مولا مۇسا سايرامى:«تارىخى ھەمىدى» قولىيازما.

[3] گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان:«ئوغۇزخان ھەققىدە رىۋايەتلەر»، 32-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل.

(Pialai)ياشايدۇ؛ ئۇلار ئۇيغارداس قىرغاقلىرىغا جايلاشقان؛ ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن ئوخشاش نامدىكى ئۇيغارداسلار(Oikhardais) ياشايدۇ»[1] دېيىلگەن. ئەنگلىيە ئالىمى ھېنرى يۇلې ئۇيغارداسلار ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇيغارداس دەرياسى تارىم دەرياسىدۇر، دەپ قارىغان.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك «ئۇيغۇر» دېگەن نام ئەڭ دەسلەپتە 4-ئەسىردە يېزىلغان «ۋېينامە . قاڭقىللار ھەققىدە قىسسە»دە چېلىقىدۇ. بۇ كىتابتا قاڭقىللار دى، ئۇيغۇر، قوغۇرسۇ، چاپىش، قىرغىز، ئىل تىكىن دېگەن ئالتە ئۇرۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېيىلگەن.[2] بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ئەڭ دەسلەپتە قاڭقىللار بىرلەشمىسى ئىچىدىكى بىر ئۇرۇق ئىدى. كېيىن، ئۇلار بارا-بارا كۆپىيىپ ۋە قۇدرەت تېپىپ، ئۆزلىرى بىلەن يېقىن بولغان باشقا ئۇرۇقلار بىلەن سىڭىشىپ، مۇستەقىل مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

7 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تېلىلار تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئۆتتى. مىلادىيە 605–616-يىللىرى (سۈي ياڭدى دايې يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا) غەربىي تۈرك خاقانى چۇلۇق خاقان تېلىلارنىڭ ئۈستىدىن دەھشەتلىك ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى. 605-

---

[1] گادىس(فىرانسىيە):«يۇنان-لاتىن يازغۇچىلىرىنىڭ يىراق شەرقنىڭ قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى»(گېڭ شىڭ تەرجىمىسى)، 33-بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى، 1987-يىل.

[2] «ۋېينامە»، 103-جىلدقا قارالسۇن.

يىلى چۇلۇق قاغان تېلى قەبىلىلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز ئاقساقىلىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. تېلى قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ، چۇلۇق قاغانىنىڭ ۋەھشىيانە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئېركىن بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى. بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى قاڭقىللار زامانىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەق ئۆزى. ئۇيغۇرلار بارغۇت، تۇڭرا، بايىرقۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم تېلى قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ، تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ نامىنى «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدا 13–16- ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بىر مۇنچە رىۋايەتلەر تارقالغان. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئەپسانىۋي شەخس ئوغۇزخانغا باغلايدۇ. بۇ رىۋايەت تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى باشقا مىللەتلەر ۋە قەدىمكى موڭغۇل قەبىلىلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ تارقالغان. بۇ رىۋايەت ئۇيغۇرلاردا قەھرىمانلىق ئېپوسى «ئوغۇزنامە» شەكلىدە ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋام قىلىپ كەلگەن. داستاندا تەسۋىرلەنگەن ئوغۇزخان ناھايىتى باتۇر ۋە قاۋۇل شەخس. ئۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن بىر پەرىزات بىلەن توي قىلىپ، ئالتە ئوغۇللۇق بولۇپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئايرىم-ئايرىم ھالدا كۈنخان، ئايخان، يۇلتۇزخان، كۆكخان ،تاغخان، دېڭىزخان دەپ قويۇپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوغۇزخان چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆز خەلقىنى تەكلىپ قىلىپتۇ. زىياپەتتىن كېيىن ئوغۇزخان ئەلچىلەر ئارقىلىق، ئەتراپتىكى ئەللەرگە يارلىق چىقىرىپتۇ.① كېيىن ئوغۇزخان نۇرغۇن ئۇلۇسلارنى بويسۇندۇرۇپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ رەھبىرى بولۇپ قاپتۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، «ئۇيغۇر» بىلەن «ئوغۇز» بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئۇقۇملاردۇر.

13- ئەسىردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا رېئاللىقتا تېخىمۇ ئۇيغۇن، تېخىمۇ تەپسىلىي بىر رىۋايەت تارقالغان. بۇ پارس تارىخچىسى راشىددىن ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن رىۋايەتتۇر. ئۇنىڭدا بايان قىلىنىشىچە، ئۇيغۇر رايونىدا ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ، بىرى «بۇقراتۇ بۇزلۇق»، يەنە بىرى «ئائۇسقۇنلۇق تەڭرىم» دېيىلىدىكەن؛ قارا قۇرۇم تېغى شۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن... بۇ ئىككى تاغنىڭ يېنىدا قۇتتاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغلىقنىڭ بىر يېرىدە ئون دەريا، يەنە بىر يېرىدە توققۇز دەريا بار ئىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاشۇ دەريالارنىڭ قىرغاقلىرىدىكى تاغلىق جايلارغا ۋە تۈزلەڭلىكلەرگە جايلاشقانىكەن. ئون دەريا

---

① «ئوغۇزنامە»(گېڭ شىمىن تەرجىمە قىلىپ ئىزاھلىغان)، 32-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982-يىل.

ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار «ئون ئۇيغۇر»، توققۇز دەريا ۋادىلىرىدا ئولتۇراقلاشقانلىرى «توققۇز ئۇيغۇر» دېيىلىدىكەن. ھېلىقى ئون دەريا ئون ئارغۇن دېيىلىدىكەن. ئۇلار ئابىشلىق، ئوتىنكار، بۇقىز، ئوزقۇندۇر، تۇلار، تاردار، ئادار، ئۇچ تابىن، قاملابقۇ، ئۆتۈكەنلەردىن ئىبارەت ئىكەن. يىللار ئۆتۈپتۇ، ئەسىرلەر ئۆتۈپتۇ، ئەمما بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدە تېخى بىرەر پادىشاھ ۋۇجۇدقا كەلمەپتۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقايسى قەبىلىلەردە كىم كۈچلۈك بولسا، شۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى بولىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا بارلىق قەبىلىلەر ئورتاق مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇرۇلتاي چاقىرىپتۇ، ھەممە:«بىز ھەممىگە ئەمىرى ئۆتىدىغان، تولۇق ھوقۇقلۇق خان تىكلىمىگىچە، ئىناقلىق تاپالمايمىز» دېگەن ئورتاق قارارغا كېلىپتۇ. ھەممىنىڭ بىردەك ماقۇللىقى بىلەن ھەرقايسى قەبىلىلەر ئىچىدە ئەڭ زېرەك بولغان ئابىشلىق قەبىلىسىدىن ئانقۇتاي ئىسىملىك بىر كىشىنى، ئېل-ئېلتەبىرلىككە سايلاپتۇ. ئۇلار يەنە ئوزقۇندۇر قەبىلىسىدىن يەنە بىر پەزىلەتلىك كىشىنى سايلاپ چىقىپ، كۆل ئېركىن دەپ ئاتاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىككى كىشىنى پۈتۈن مىللەتنىڭ ۋە ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ پادىشاھى قىلىپ سايلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى يۈز يىللار

ھۆكۈمرانلىق يۈزگۈزۈپتۇ[1].

پارس تارىخچىسى جۇۋەينى(مىلادىيە 1226–1283-يىللار) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى جاھانكۇشاي»دىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان رىۋايەت خاتىرىلەنگەن. ئۇ «ئەينى زاماندا قاراقۇرۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن. بۇ دەريالارنىڭ بىرى تۇغلا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنە بىرى سېلىنگا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئىككى دەريا قانلانچۇ دېگەن يەردە بىر-بىرىگە قوشۇلىدىكەن. ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا بىر-بىرىگە يېقىن ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەنىكەن. بىرىنى ئۇلار قوچۇر دەيدىكەن، قارىغايغا ئوخشايدىكەن. يوپۇرماقلىرى قىشتا ئارچىنىڭكىدەك، مېۋىسىنىڭ شەكلى ۋە تەمى قارىغاي ئۇرۇقىغا ئوخشايدىكەن؛ يەنە بىرىنى توز دەيدىكەن. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر دۆڭ بار ئىكەن. بۇ دۆڭگە ئاسماندىن نۇر چۈشۈپتۇ، دۆڭ كۈندىن-كۈنگە يوغىناپتۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، ھەيرانۇ ھەس بولۇپتۇ. ئۇلار بۇ دۆڭگە ئەيمىنىپ، ھۆرمەت بىلەن يېقىنلىشىپتۇ. بۇ چاغدا، ئۇلارغا ناخشىغا ئوخشاش بىر خىل يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە نۇر شۇ دۆڭنىڭ 30 قەدەم چۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئاخىرىدا، خۇددى ھامىلدار ئايالنىڭ

---

[1] «جامىئۇل تەۋارىخ» (يۇداجۇن تەرجىمىسى)، 1- توم، 1-كىتاب، 239ـ241-بەتلەر، شاڭخەي نەشرىياتى، 1983-يىل.

كۆزى يورۇغاندەك، دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. قارىسا، دۆڭنىڭ ئىچىدە چېدىردەك بەش ھۇجرا، بۇ ھۇجرىلارنىڭ ئىچىدە ھەربىرىدە بىردىن ئوغۇل ئولتۇرغۇدەك، بۇ بالىلارنىڭ ئاغزىدا بىردىن ئېمىزگە بار ئىكەن. ھەربىر ھۇجرىنىڭ ئۈستىدە بىر كۈمۈش تور يېپىقلىق تۇرغۇدەك. قەبىلە ئاقساقاللىرى بۇ غەلىتە ئىشنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قېلىشىپ، باش ئۇرۇپ تەزىم قىلىشىپ كېتىپتۇ. بىردىنلا غۇر-غۇر شامال چىققاندەك بولۇپتۇ-دە، ھېلىقى بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار مېڭىپ تاش ئۆيدىن چىقىپتۇ. كىشىلەر بۇ بالىلارغا قاراشقا مەخسۇس بىر ئىنكئانا تەيىنلەپتۇ. كىشىلەر ئۇلارنىڭ نامىغا تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپتۇ. بالىلار ئەمچەكتىن ئايرىلىش بىلەنلا تىلى چىقىپ، گەپ قىلالايدىغان بولۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەردىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكىنى سوراپتۇ. كىشىلەر ئۇلارغا بۇ ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار دەرەخكە گويا ئاتا-ئانىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك تىزلىنىپ، تەزىم قىلىپتۇ. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەن يەرگىمۇ تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇ ئىككى تۈپ دەرەختىن ئۈشتۈمتۇتلا:«ئەي ئالىيجاناب، ئېسىل بالىلار! سىلەر بۇ يەرگە دائىم كېلىپ، بالىلىق بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىڭلار. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلار، نامىڭلار مەڭگۈ ئۆچمىگەي» دېگەن سادا

كېلىپتۇ. شۇ يەردە ياشايدىغان قەبىلىلەر كېيىنكى ـ كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئۇلارنى ئەزىزلەيتتى. ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا، بۇ بالىلارنىڭ
كەيىندىن كېلىپ، بۇ بەش بالىنى خۇددى شاھزادىلەردەك ئىززەتلەپتۇ. ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا، بۇ بالىلارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمىنى«سونقۇر تېگىن»، ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «قۇتۇر تېگىن»، ئۈچىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «تۇكەل تېگىن»، تۆتىنچىسىنىڭ ئىسمىنى « ئور تېگىن»، بەشىنچىسىنىڭ ئىسمىنى «بۆگۈ تېگىن» دەپ ئاتاپتۇ. بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرگەن كۆپچىلىك بۇ بەش ئوغۇلنىڭ ئىچىدە بىرىنى ئۆزلىرىگە ئاتامانلىققا ۋە خانلىققا سايلاش كېرەك دېگەن پىكىرگە كېلىشىپتۇ. ئۇلار بۇ بەش بالىنى ئۇلۇغ تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان، دەپ قارايدىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۆگۈ قاغاننىڭ پەزىلەت ۋە پاراسەت جەھەتتە باشقا بالىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، يەنى كېلىپ ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ تىل ـ يېزىقىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. شۇڭا، ئۇنى قاغانلىققا كۆرسىتىپتۇ ۋە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ، تەختكە چىقىرىپتۇ» دەپ يازغان[1].

راشىددىن بىلەن جۇۋەينى نەقىل كەلتۈرگەن بۇ رىۋايەتلەر خەنزۇچە يېزىلغان «قوچو خانىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر رىۋايەتلەر بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىدۇ، ئۇلارنىڭ بىر

[1] جۇۋەينى:« تارىخى جاھانكۇشاي» (خې گاۋجى تەرجىمىسى)، بىرىنچى كىتاب، 62–64 ـ بەتلەر، 1980 ـ يىل.

مەنبەدىن تارقالغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن؛ ئەڭ ئاۋۋال ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئەجدادلىرى ھەققىدە مەيدانغا كەلگەن رىۋايەتلەر ھەرقايسى جايلارغا تارقىلىپ، ئوخشىمىغان دەۋردە، ئوخشىمىغان ئاپتورلار تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەنگەچكە، مەزمۇن ۋە سۆزىتتا بەزى پەرقلەر ساقلانغان. بۇنىڭ ئىچىدە «قوچو خانىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى»دىكى ۋارىيانتى ناھايىتى مۇكەممەل يېزىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش 1933-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي ناھىيەسىنىڭ 30 كىلومېتىر شىمالىدىكى شىبېيگو ئەتراپىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئەسلى مەڭگۈ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 4 مېتىر، كەڭلىكى 1.62 مېتىر. ھازىر پەقەت ئاستىنقى يېرىم بۆلىكى، يەنى پۈتۈن مەڭگۈ تاشنىڭ بەشتىن ئىككىسىچىلىك قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان. مەڭگۈ تاش خەنزۇ ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا پۈتۈلگەن. مەڭگۈ تاش يۈەن شۈندى يۈەنتۇڭنىڭ 2-يىلى (مىلادىيە 1334-يىلى) تىكلەنگەن. مەڭگۈ تاش تېكىستىگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى قىسمى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر نەپەر مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان[①].

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى باشقا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، مۇرەككەپ،

---

[①] گېڭ شىمىن :«ئىدىقۇت قوچو خانلىرى تۆھپىسى مەڭگۈ تېشى تەتقىقاتى»، «ئارخېئولوگىيە ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980-يىل 4-سان، 515–529-بەتلەر.

ئۇزۇن تارىخي جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دىڭلىڭ، تېلى، قاڭقىل ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئوخشىمىغان تىل ۋە ئىرققا مەنسۇپ بولغان قەدىمىي مىللەتلەر بىلەن سىڭىشكەن. بۇ جەرياندا شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئىران تىللىق قەبىلىلەر(ئادەتتە ساكلار دېيىلىدۇ)، توخارلار، سوغدىلار ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇغۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

دۆلىتىمىز ئىچى-سىرتىدىكى ئىنسانشۇناسلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇيغۇر مىللىتىدە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئىرقنىڭ ئالاھىدىلىكى مەۋجۇت: بىرىنچى، يەركەن دەريا ۋادىسىدىكى مارالبېشى، خوتەن، شۇنداقلا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبى رايونىدىكى ئۇيغۇرلاردا ياۋروپا ئىرقىنىڭ پامىر-پەرغانە تىپى(ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرا ئۇننەھر تىپى)نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچى، دولانلار، شۇنداقلا كەلپىن، ئاقسۇ، پەيزىۋات قاتارلىق جايلاردىكى ئۇيغۇرلاردا جەنۇبىي سىبىر ئىرقى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ شەرقىدىكى قۇمۇل، تۇرپان ۋە كورلا رايونلىرىدىمۇ ئارىلاش جەنۇبىي سىبىر ئىرقىي ئامىللىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئۈچىنچى، يەنە بىر بۆلەك

ئۇيغۇرلار ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئېگىز قاڭشارلىق كەلگەن ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىدىكىلەر توپلاشقان ھىندى-ئافغان تىپىغا تەۋە.[1] ئالىملار شىنجاڭنىڭ لوپ ناھىيەسى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدا بۇندىن ئىككى مىڭ يىل ئاۋۋالقى بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىدىن چىققان ئىككى باش سۆڭىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ھەيكەل يۈزى ئۇزۇنچاق، قاڭشىرى ھەددىدىن زىيادە ئېگىز، ئورا كۆز بولۇپ ئادەتتىكى ئوتتۇرا دېڭىز ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە[2]. بۇنى بۈگۈنكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرى بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي جەھەتتىكى زىچ مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىش ۋە بۇ جەھەتتە مەلۇم ئىلھاملارغا ئېرىشىش مۇمكىن.

---

[1] خەن كاڭشىن:«شىنجاڭنىڭ قەدىمكى ئاھالىلىرىنىڭ ئىرقىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتى»، مو شۈنيىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن«كروران مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ماقالىلەر توپلىمى»، 409–429-بەتلەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995-يىل.

[2] خەن كاڭشىن، زو چۈڭشىن:«شىنجاڭ لوپ سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى باش سۆڭىكى تەتقىقاتى ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش»، «ئارخېئولوگىيە ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى، 1987-يىلى 5-سان، 91–99-بەتلەر.

# مۇندەرىجە

1.ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىدىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغىچە
ئۇيغۇرلارنىڭ گۈللىنىشى
ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋال تېپىشى
2.قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى
قوچو ئۇيغۇرلىرىدا دىن ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى
قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىل ۋە يېزىقى
3. قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى
قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زەئىپلىشىشى
«قۇتادغۇبىلىك»ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»
4. غەربىي لياۋ ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى

5. يەركەن خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى
يەركەن خانلىقى ۋە خوجىلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى
مىرزا ھەيدەر ۋە «تارىخى رەشىدىي»
6.يېقىنقى ۋە ھازىرقى زاماندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەشلىرى ۋە ئۇيغۇرلار رايونىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتى
ئەپيۈن ئۇرۇشىنىڭ ئالدىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ۋە فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش
19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە ياقۇپبەگنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش
ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەينىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرى
ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشى
7. باب ئۇيغۇرلارنىڭ ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيىتى
يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى
ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابىتى
ئەدەبىيات ۋە تىياتىر
ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە باي خەلق مۇزىكىسى
كاتتا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى
ئۇيغۇر ھۈنەر-سەنئىتى
ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە يېزىقى
8. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى
ئائىلە ۋە نىكاھ
دىنىي ئېتىقادى ۋە دەپنە ئادىتى
يېمەك-ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە كىيىم-كېچەك